السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئۆزىگىمۇ ۋە ئۆزگىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، كىمكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، كىمكى كىشىلەرگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆزىگىمۇ ۋە ئۆزگىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، كىمكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسە، ئاللاھ ئۇ «كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، كىمكى كىشىلەرگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.
[باشقا ھەدىسلەر بىلەن سەھىي] [دارى قۇتنىي رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا يېتىشى ئېنىق بولغان تۈرلۈك شەكىلدىكى زىيانلاردىن ساقلىنىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ قانداق بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا قانداق شەكىلدە بولسۇن زىيان يەتكۈزۈشى توغرا بولمايدۇ. زىيانغا زىيان بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ، چۈنكى زىيان زىيان بىلەن يوق قىلىنمايدۇ، لېكىن قىساس ئالىدىغان ۋاقىتتا بەلگىلىمىدىن ئۆتۈپ كەتمەي ئالسا بولىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «باشقىلارغا زىيان سالغان كىشىنىڭ چوقۇم زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى، باشقىلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان كىشىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/4711

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee